# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش يۆنىلىشىدىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، تىجارەت سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى يېزىلارغا جۇشقۇرۇش يولىنى زور كۈچ بىلەن راۋانلاشتۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن ئەمەلىي تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم «يەرلىك مۇتەخەسسىس»لەر «ئېتىز زىيالىي»لىرى، كەسىپ باشلامچىلىرى ۋە يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك كەسىپ دىرېكتورى، ۋاستىچىلىرىنى يۆلەپ، بىر تۈركۈم يېزا ـ كەنت ھۈنەرۋەنلىرى، مەدەنىيەت قابىللىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئوبراز يارىتىش، روھنى تاۋلاش جەھەتتە يېزا ـ كەنت مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى كەيپىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. باش نىشانى زىچ چۆرىدەپ، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىدېئولوگىيە بازىسىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېزىلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بەرپا قىلىش جەھەتتە يېشىل تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇھىتنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئېكولوگىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئېكولوگىيە گۈزەللىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئارقىلىق تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش گۈزەللىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى پۇختىلاش جەھەتتە يېزا ـ كەنتلەرنى ياخشى ئىدارە قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، خەلق قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالىتى بولغان زامانىۋى يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئىدارە قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېزا ئىگىلىكنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ھەرقايسى ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ماكرولۇق پىلانلاش، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش كېرەك.

كېلەر يىللىق كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بىز مۇقىملىقنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولىدىغان، مىكرو سىياسەت جانلىق بولىدىغان، جەمئىيەت سىياسىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان سىياسەت رامكىسىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، قاراتمىلىقلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ھەرقايسى تارماقلار بىلەن تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى، ماسلىشىشىنى كۈچەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پائال ئىلگىرىلەپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىجىل كۈچەپ، ئىقتىسادتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. كېلەر يىلى، داۋاملىق مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نىشانى، بۇ نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتىلغان. 2020 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2010 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتىلغان، ھەرگىزمۇ ھەربىر رايوننىڭ ھەممىسىدىن قاتلاش تەلەپ قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنىمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، سانلىق مەلۇماتلار ئارىسىدا قاتلاممۇقاتلام ھېسابلىماسلىق، قاتلاممۇقاتلام ھېسابات ئۆتكۈزمەسلىك، تېخىمۇ مۇھىمى ساختىپەزلىك قىلماسلىق كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتقان كۆك نامراتلىق مەسىلىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىنى پۈتتۈرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېلەر يىللىقى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئالىيجاناب تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، زېھنى ـ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، خىزمەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەۋەلىك رايونغا بۆلۈنۈپ يىغىن ئاچتى

# «يۇقىرى سۈپەت» نىشانىنى كۆزلەپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **سۇڭ گې** خەۋەر قىلىدۇ: ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ئۈچ تەۋەلىك رايونغا بۆلۈنۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى يىغىنىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى، كەمتۈكلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى، كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى پىلانلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى فۇنكسىيەسى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە قويۇپ، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش رولىنى كۈچەپ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئاڭلىق ھالدا دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، پىلانلاپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «يۇقىرى سۈپەت»تىن ئىبارەت بۇ نىشانىنى كۆزلەپ، نازارەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى سىجىل ئەمەلىي، ئىنچىكە ئىشلەپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە، بولۇپمۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى باشتىن ـ ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەر ۋاقىت يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك؛ رەھبەرلىك بەنزىسى، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى چىڭ كۆزلەپ، بەنزە ۋە «ھالقىلىق ئاز سانلىق»لارنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىنىڭ مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجىلىرى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىستىل نازارەتچىلىكىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 75 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاشقا سۇنغان «مالىيە مىنىستىرلىقى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرگەن قىسمەن 2020 ـ يىللىق مەخسۇس زايومنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سوممىسى» توغرىسىدىكى تەكلىپكە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قورغاس شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)»غا قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)غا قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى(لايىھە)، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپ ئىسىملىكى(لايىھە)گە قاراپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى(لايىھە)گە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى نۇسخىسىغا قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئايرىم ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدۇ ۋە قاراپ چىقىلدى؛ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر باشقۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش نىزامى(لايىھە)»نى توختىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىزنىڭ «ئىككى يۈز يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقاندا ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىجادىيلىققا، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىنى ئىگىلەپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى كەم ـ كوتىسىز، قەتئىي، كۈچلۈك، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئەمەلىي، ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش؛ دۆلەتنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش» بىلەن «نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش»نى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى چىڭ تۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان 13 خىل تۈزۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆزىتىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىگىلەش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئىدىيەدە يېشىپ يېتىلىش، سىياسىيدا تاۋلىنىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىش، كەسىپتە مەشىقلىنىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، ھوقۇق يۈرگۈزۈش، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بەلگىلەشنى ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا سىياسىيدا، ئومۇمىيەتتە، ئىستراتېگىيەدە مەسىلىنى ئومۇميۈزلۈك ئويلىنىپ، تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىش ئۈلگىسى بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىشقا، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشقا، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك. ھەرىكەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، بىلىم جەھەتتىكى ئاجىزلىقلارنى، ئىقتىدار جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى ۋە تەجرىبە جەھەتتىكى قارىغۇ رايونلارنى ئاڭلىق تولۇقلاپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپى، ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئاساسىي جەڭ مەيدانى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئىدىيە، يىراق كەلگۈسى نەزەر، ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق ئىشلارنى پىلانلاپ، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، تارىخىي تەپەككۇر، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەت، خەلق، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجە يارىتىش كېرەك. تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغان، تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى دادىل، ماھىرلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بولۇش، تۈزۈم ئىجرا قىلىشتا تاللاپ قىلىش، ئۆزگەرتىپ قىلىش، يېرىم ـ يارتا قىلىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك.